# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 ـ يىل 3 ـ ئاي

15

دۈشەنبە

维吾尔文 3 月15日

25361 ـ سان

بۈگۈن 8 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى

چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى    مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W    پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57    تىيانشان تورى: www.ts.cn


مەركىزىي ھەربىي كومىتېت يېقىندىن تۇزىتىش كىرگۈزۈلگەن

## «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئارمىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت بەلگىلىمىسى»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** مەركىزىي ھەربىي كومىتېت يېقىندا يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئارمىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت بەلگىلىمىسى»نى بېسىپ تارقاتتى، 2021 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدۇ.

«بەلگىلىمە»دە شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلەپى ئەمەلىيلەشتۇرۇلۇپ، پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، ئارمىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، دىققەتنى ئۆزۈشقا تەييارلىق قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئارمىيەنىڭ پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگىنى قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىلىپ،

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

چىن چۈەنگو ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىش بويىچە سەپەرۋەر قىلىش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

## پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ئىشەنچىلىك بولىدىغان، تايىنىشقا بولىدىغان، خاتىرجەم بولىدىغان سىياسىي قانۇن پولات قوشۇنى بەرپا قىلىش كېرەك

شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىش بويىچە سەپەرۋەر قىلىش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن، چېن مىڭگو، ياڭ يۈك قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىشنى قانات يايدۇرۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرما. شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سىياسىي قانۇن قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى ۋە تەلىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق باشقۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «بەشتە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇش» تەلپىنى چۆرىدەپ، ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، «ھالقىلىق ئاز سانلىقلار»نى چىڭ تۇتۇپ، مۇھىم ۋەزىپىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى ئىگىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئىستىلنى توغرىلاپ ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ ساقچىلار قوشۇنىنى كۈچەيتىپ، ئىنقىلابىيلىشىش، مەخسۇسلىشىش، كەسپىيلىشىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ پارتىيە ۋە خەلق ئىشەنچىلىك بولىدىغان، تايىنىشقا بولىدىغان، خاتىرجەم بولىدىغان،

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

100 يىللىق كۈرەش يولى    يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

قاراماي شەھىرى قىزىلبايراق دېموكراتىيە مەھەللىسى قىزىل ئەسلىمە كۆرگەزمىخانىسىغا

تايىنىپ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇردى ——

## قىزىل ئەسلىمىنى مەڭگۈ قەلبدە ساقلاش

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش    ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش

ئەمەلىي ئىش قىلىش    يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى گې يۈجۈن

ئىختىيارىي مۇخبىر خاۋ جيەنپىي

«بۇ سۈرەت ماۋ جۇشىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى› دەپ تەنتەنىلىك جاكارلىغان چاغدىكى سۈرىتى.» «بۇ 1973 ـ يىلى ماۋ جۇشىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 10 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان چاغدىكى سۈرىتى...»

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونى غالىبىيەت يولى كوچا باشقارمىسى قىزىلبايراق دېموكراتىيە مەھەللىسى پارتىيە ئەزالىرىنى قىزىل ئەسلىمە كۆرگەزمىخانىسىدا باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى، كۆپچىلىك كۆرگەزمىخانىنىڭ قۇرغۇچىسى چېن جيەنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن كۆرگەزمىخانىدىكى يىغىپ ساقلانغان قىزىل بۇيۇملارنى كۆرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغان 100 يىلدىن بۇيانقى بوران ـ چاپقۇنلۇق مۇساپىنى ئەسلىدى.

قىزىل ئەسلىمە كۆرگەزمىخانىسى قىزىلبايراق دېموكراتىيە مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 430 كۋادرات مېتىر، قۇرغۇچىسى قىزىل يىغىپ ساقلاش ھەۋەسكارى چېن جيەن.

چېن جيەن كىچىكىدىن تارتىپلا قىزىل خاتىرە ئەھمىيىتىگە ئىگە بۇيۇملارنى يىغىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا، قاراماي شەھىرىدە يىغىپ ساقلاش بۇيۇملىرى سودىسى قىلىدىغان كىچىك بازار بار ئىدى، ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ شۇ يەرگە بېرىپ «گۆھەر ئىزدەيتتى». سىرتقا ساياھەتكە چىققاندا ئۇ يەنە شۇ جايدىكى يىغىپ ساقلاش بۇيۇملىرى بازىرىنى ئايلىناتتى. مۇشۇ قىزغىنلىقىغا تايىنىپ چېن جيەننىڭ يىغىپ ساقلىغان قىزىل بۇيۇملىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، بارا ـ بارا نامى چىقىشقا باشلىدى.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنى ئېچىپ

مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى

## پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يۈنپىي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى تەتقىق قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنى تەبرىكلىنىۋاتقان مۇھىم، زور پەيتتە، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى تارىخىي كېسىشكەن ئاچقۇچلۇق تۈگۈندە ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

## غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى خارابىسى تۆپىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە مۇھىم ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ خەيفېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: ئۈچ يىللىق ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئارقىلىق، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى خارابىسى تۆپىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە مۇھىم ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى.

زوركۆت قەدىمىي شەھىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش تۈرىنىڭ مەسئۇلى، بېيجىڭ داشۆ ئارخېئولوگىيە ـ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ مۇزېي شۆبىسىنىڭ پروفېسسورى چېن لىڭ 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: زوركۆت قەدىمىي شەھىرى خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىدىكى بىر ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەركىزىي شەھەر ئورنى بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش قائىدىسى مەركىزىي خاندانلىقنىڭ ئۆلچىمىگە روشەن ئەمەل قىلغان. زوركۆت قەدىمىي شەھىرىنىڭ قېزىلىشى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق خارابىنى بېكىتىشتە بېسىلغان مۇھىم بىر قەدەم بولۇپ، مەركىزىي خاندانلىقنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشنى ۋە يىپەك يولىدىكى قەدىمىي شەھەرلەر ئارخېئولوگىيەسىنى تەتقىق قىلىشتا ئاچقۇچلۇق ئەھمىيەتكە ئىگە.

«خەننامە»دە خاتىرىلىنىشىچە، غەربىي خەن سۇلالىسى شۈەندى شېنجۆنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى) مەركىزىي ھۆكۈمەت غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان. غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى شىنجاڭ رايونىنىڭ جۇڭگو تېررىتورىيەسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلۈپ، جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى مەركىزىي ھاكىمىيەتلەر غەربىي يۇرتنى ئۆز زېمىنى دەپ قاراپ، غەربىي يۇرتقا بولغان باشقۇرۇش تەۋەلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

تۈنجى قەدەمنى ياخشى ئالايلى    يېڭى كەيپىيات يارىتايلى



تەك ئېچىش

3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، تۇرپان شەھىرىدىكى ئورگان كادىرلىرى ئىدىقۇت رايونىنىڭ ئۈزۈمچىلىك بازىرى بۇلاق كەنتىدە دېھقانلارنىڭ ئۈزۈم شۇڭلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشىغا ياردەملەشتى. نۆۋەتتە، بۇ شەھەردىكى 570 مىڭ موغا يېقىن تەك ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلىپ باراڭغا ئېلىندى. □ **لىيۇ جيەن فوتوسى**

غۇلجا ناھىيەسىدىكى يىپەك سانائەت، توقۇمىچىلىق كەسپلەر رايونى:

## كەسپلەرنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاممىنى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئون چوڭ كەسپنىڭ مىكرو كۆرۈنۈشى ⑧

□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جەزىرە نېسىپبېك، غۇلجا ناھىيەلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزىدىن لى مېي**

3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، مۇخبىرلار غۇلجا ناھىيەسىدىكى يىدۇڭ سانائەت باغچىسى يىپەك سانائەت، توقۇمىچىلىق كەسپلەر رايونىغا كەلگەندە، شىنجاڭ دامو چۈەنچى ئائىلە بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ زاۋۇت ئۆيىدىكى ئالدىراش ئىشلەپچىقىرىش مەنزىرىسى ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

تۆت ـ بەش كۋادرات مېتىرلىق چاسا شەكىللىك تەكشۈرۈش سۇپىسى ئالدىدا، تۆت ئايال ئىشچى تۆت تەرەپتىن يېڭىلا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختىلىق يوتقاننىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. يىراققا نەزەر سالغاندا، 2 ـ قەۋەتتىكى 1600 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان ئازادە، يورۇق زاۋۇت ئۆيىدە 100دىن ئارتۇق ئىشچى ئۆز ئىش ئورنىدا جىددىي، تەرتىپلىك ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى، ئۇلار كېسىش، پاختا قوشۇش، تىككۈچىلىك قاتارلىق تۈرلۈك ئىش ھالقىلىرى ئارقىلىق، رەتلىك، چىرايلىق تىكىلگەن يوتقانلارنى تەكشۈرۈش سۇپىسىغا ئېلىپ چىقتى.

غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يىپەك سانائەت، توقۇمىچىلىق كەسپلەر رايونىدا ئائىلە بۇيۇملىرى توقۇمىچىلىقى، كىيىم ـ كېچەك كەسپلەر باغچىسى ۋە توقۇمىچىلىق كەسپلەر باغچىسىدىن ئىبارەت ئىككى باغچە رايونى بار بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 5700 مو، ئومۇمىي سېلىنمىسى 18 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، ئون نەچچە كارخانىنى بۇ رايونغا كىرىشكە جەلپ قىلدى. 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتكۈزۈلگەن ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئائىلە بۇيۇملىرى توقۇمىچىلىقى،

(ئاخىرى 7 ـ بەتتە)

بۇ يىل ئالاتاۋ ۋوگزالىدا چېگرادىن

## كىرگەن ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 1000دىن ئاشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لۇ فېڭباۋ**، ئىختىيارىي مۇخبىرلار **چېن چيەن، ۋۇ چى** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سائەت 9:00 دا تۈرلۈك مال، ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنە قاتارلىق بۇيۇملار قاچىلانغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئالاتاۋ تۆمۈريول پورتىدىن چىقتى، بۇ، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئالاتاۋ ۋوگزالىدا چېگرادىن كىرگەن ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ بولتۇرقىدىن 72 كۈن بۇرۇن 1000دىن ئېشىپ، بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 72% كۆپەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بولتۇردىن بۇيان، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى كەسىپلەرنى ئاچتى، يېڭى لىنىيەلەرنى كۆپەيتتى، ئالاتاۋ، قورغاس ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن ـ چىققان مال سىجىل ئاشتى.

شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى پۈتۈن ئىدارە «بىر تاختا شاھمات» بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈرۈمچى ۋوگزالى،

(ئاخىرى 7 ـ بەتتە)

يەككە قۇدۇقتىن كۈنىگە 1000 تونىنغا يېقىن نېفىت ـ تەبىئىي گاز چىقتى

## جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى غەربىي شىمال نېفىتلىكى شۇنبېي نېفىت ـ گازلىقىدا يېڭى بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار گۇ يۈ، دۇ گاڭ)** جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى غەربىي شىمال نېفىتلىكى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مۇنداق ئېلان قىلدى: شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقان شۇنبېي 42X قۇدۇقىدا كۈنىگە 1000 تونىنغا يېقىن سانائەت نېفىت ـ تەبىئىي گاز ئېقىمى چىقىپ، شۇنبېي نېفىت ـ گازلىقىدىكى كۈندىلىك نېفىت ـ تەبىئىي گاز مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ يۇقىرى قۇدۇققا ئايلىنىپ، بۇ نېفىت ـ گازلىقنىڭ ياخشى چارلاش ئىستىقبالىنى نامايان قىلدى.

شۇنبېي 42X قۇدۇقى يېقىندا كىسلاتا بېسىمى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى سىناق ئارقىلىق يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىت ـ تەبىئىي گاز ئېقىمىغا ئېرىشتى،

(ئاخىرى 7 ـ بەتتە)